## 14321 ـ تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار توغرىسىدا

### سۇئال

كىيىمىنى ئالماشتۇرسام بۇنىڭ بىلەن تاھارەت بۇزۇلامدۇ؟، بۇ ھۆكۈمدە ئەر-ئايال ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىر كىشى تاھارەتلىك بولغان ھالەتتە كىيىمىنى ئالماشتۇرغان بولۇپ، بۇ جەرياندا تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار يۈز بەرمىسە تاھارىتى سۇنمايدۇ. كىيىم ئالماشتۇرۇش تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭدا ئەر-ئايالنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1-ئالدى-ئارقا ئىككى يولدىن كەلگەن چوڭ-كىچىك تەرەت ۋە يەل قاتارلىقلار. ئەمما ئايالنىڭ جىنسى يولىدىن يەل چىقسا بۇنىڭ بىلەن تاھارەت بۇزۇلمايدۇ.

2-بەدەننىڭ ئالدى-ئارقا ئىككى يولدىن باشقا جايلىرىدىن چوڭ-كىچىك تەرەت چىقسا بۇنىڭ بىلەن تاھارەت بۇزۇلىدۇ.

3-ئەقلىنى يوقۇتۇش ، بۇ ياكى پۈتۈنلەي ئەقلىنى يوقۇتۇش ساراڭ بولۇپ قىلىش ياكى ئۇيقۇ، ھوشسىزلىق، مەستلىك قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن بولغان ۋاقىتلىق ئەقلىنى يوقىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

4-ئەۋرىتىنى ئىشتاننىڭ ئىچىدىن سىلاش. بۇسرە بىنتى سەپۋاندىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ خىنىم مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: «ئەۋرىتىنى سىلىغان كىشى تاھارەت ئالسۇن» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى "تاھارەت" بابى 154-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانىي سۇنەن ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 166-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

5-تۆگە گۆشى يېيىش، جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: تۆگە گۆشى يېسەك تاھارەت ئالىمىزمۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ھە-ئە» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى "ھەيز" بابى 539-ھەدىس].

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى! ئايالنىڭ بەدىنىنى سىلىغان بولسا شەھۋەت بىلەن سىلىسۇن ياكى شەھۋەتسىز سىلىسۇن بۇنىڭ بىلەن تاھارەت بۇزۇلمايدۇ، لېكىن سىلاش نەتىجىسىدە بىر نەرسە چىقسا ئاندىن تاھارەت بۇزۇلىدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ: " شەرھىل مۇمتىئ" 1-توم 219-250-بەتكە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى 5-توم 264-بەت.